## پارتىيەنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسى ۋە ئېسىل ئىستىلىنى ئۇزاققىچە ئەۋج ئالدۇرايلى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ۋە ئېسىل ئىستىلىنىڭ سادىق ۋارىسلىرىدىن بولۇشقا ئىرادە تىكلەشكە، يېڭى دەۋر، يېڭى مۇساپىدە باتۇرلۇق بىلەن ئالدىدا مېڭىپ، تۆھپە قوشۇپ نەتىجە يارىتىشقا رىغبەتلەندۈردى، بۇ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنى پارتىيەنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسى ۋە ئېسىل ئىستىلىنى ئۇزاققىچە ئەۋج ئالدۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرۇش ۋە رىغبەتلەندۈرۈش، يېڭى مۇساپىدە يېڭى مەسئۇلىيەتچانلىق، يېڭى نەتىجىلەرنى نامايان قىلىشتا مۇھىم، زور يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە.

بۇ يىل جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقى. شىكۇمېندىن تيەنئەنمېنگىچە، شىگىپې يولىدىن فۇشىڭ يولىغىچە، 100 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى جۇڭگو خەلقىنى بەختكە ئېرىشتۈرۈش ئەسلىي مەقسىتىدە، جۇڭخۇا مىللىتىنى گۈللەندۈرۈش بۇرچىدا چىڭ تۇرۇپ، جاپا ـ مۇشەققەت، خەۋپ ـ خەتەر، توسالغۇلاردىن قورقماي، قان تۆكۈپ قۇربان بېرىشتىن قورقماي، خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، قان كېچىپ كۈرەش قىلىپ، جاسارەت بىلەن تىرىشىپ ئىشلەپ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنى يولغا قويدى، جۇڭخۇا مىللىتى ئورنىدىن دەس تۇرۇش، بېيىشتىن قۇدرەت تېپىشقىچە بولغان ئۇلۇغ ھالقىشنى كۈتۈۋالدى. پارتىيەمىز خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش، ئىسلاھاتتا ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى، بۇنىڭدا ئەڭ مۇھىمى شۇكى، پارتىيەمىز ئۇزاق مۇددەتلىك ئەمەلىيەت داۋامىدا بىر يۈرۈش شەرەپلىك ئەنئەنە ۋە ئېسىل ئىستىلنى يېتىلدۈردى ھەم ئۇنىڭدا چىڭ تۇردى. خۇددى باش شۇجى شى جىنپىڭ تەكىتلىگەندەك: «بۇ شەرەپلىك ئەنئەنە ۋە ئېسىل ئىستىل پارتىيەمىزنىڭ خاراكتېرى ۋە ئاساسىي مەقسىتىنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى، پارتىيەمىزنىڭ باشقا سىياسىي پارتىيەلەردىن پەرقلىنىدىغان روشەن بەلگىسى. پارتىيە خەلق ئاممىسىنىڭ قوللىشى ۋە ھىمايىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، جەزمەن پارتىيەنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسى ۋە ئېسىل ئىستىلىنى ئۇزاققىچە ئەۋج ئالدۇرۇشى كېرەك».

بۈگۈنكى دۇنيادا، 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتى تېز سۈرئەتتە ئۆزگەرمەكتە، دۆلىتىمىز جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئاچقۇچلۇق مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ئۇلۇغ تارىخىي خاراكتېرلىك مۇۋەپپەقىيەتلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ئومۇمىيۈزلۈك غەلىبە قولغا كەلتۈرۈلدى، ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسى ئۇچقۇنلۇق باشلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، شۇنىمۇ سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، بىز ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدا يەنىلا نۇرغۇن قىيىن ئۆتكەل ۋە خىرىسقا دۇچ كېلىۋاتىمىز، مەۋقەنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قويۇش، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىشتا، دۇچ كېلىدىغان خەۋپ ـ خەتەر ۋە سىناق ئىلگىرىكىدىن قىلچە ئاز بولمايدۇ. باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق تەكىتلىدى: «خەۋپ ـ خەتەر قانچە چوڭ، خىرىس قانچە كۆپ، ۋەزىپە قانچە ئېغىر بولغانسېرى، پارتىيەنىڭ ئىستىل قۇرۇلۇشىنى شۇنچە كۈچەيتىپ، ياخشى ئىستىل ئارقىلىق روھنى ئۇرغۇتۇپ، كۈرەش ئىرادىسىنى قوزغىتىپ، ئوبراز تىكلەپ، خەلق رايىنى ئۇتۇش كېرەك.» بىز بېسىپ ئۆتكەن يولىمىزنى ئەستايىدىل ئەسلەپ، كەلگەن يولىمىزنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز، ئالغا ئىلگىرىلەش يولىمىزدا داۋاملىق ياخشى مېڭىشىمىز كېرەك، پارتىيەنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسى ۋە ئېسىل ئىستىلى ئارقىلىق ئېتىقادنى چىڭىتىپ، كۈچنى مۇجەسسەملەپ، پارتىيەنىڭ ئەمەلىي ئىجادىيىتى ۋە تارىخىي تەجرىبىلىرى ئارقىلىق ئەقىل ـ پاراسەتنى ئۇرغۇتۇپ، پەزىلەتنى تاۋلىغاندىلا، يېڭى مۇساپىگە ئاتلىنىش، يېڭى دەۋردە جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشتەك كۆتۈرەڭگۈ جۇشقۇن روھنى تېخىمۇ ياخشى ئۇرغۇتقىلى بولىدۇ.

باش شۇجى شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: «ياش كادىرلار پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ ئىز باسارلىرى. جەزمەن پارتىيەنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسى ۋە ئېسىل ئىستىلىنىڭ سادىق ۋارىسلىرىدىن بولۇشقا ئىرادە تىكلىشى كېرەك.» مەۋقەنى يېڭى باشلىنىش نۇقتىسىغا قويۇپ، يېڭى مۇساپىدە جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەشتە، بىز پارتىيەنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسى ۋە ئېسىل ئىستىلىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، پارتىيەگە باشتىن ـ ئاخىر سادىق بولۇپ، نەزەرىيەنى ئەمەلىيەتكە باغلاشتا چىڭ تۇرۇپ، ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلاشتا چىڭ تۇرۇپ، تەنقىد ۋە ئۆز ـ ئۆزىنى تەنقىد قىلىشتىن ئىبارەت بۇ قورالنى ياخشى ئىشلىتىپ، كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىپ، كۈرەش قىلىشقا ماھىر بولۇپ، مەڭگۈ جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىپ، ئىرادە كۈچىمىز، چىدامچانلىق كۈچىمىز، ئۆزىمىزنى كونترول قىلىش كۈچىمىزنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، يېڭى دەۋردە ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسىدە باتۇرلۇق بىلەن ئالدىدا مېڭىپ، تۆھپە قوشۇپ نەتىجە يارىتىپ، تارىخقا يۈز كېلەلەيدىغان، خەلققە يۈز كېلەلەيدىغان، دەۋرگە يۈز كېلەلەيدىغان نەتىجىلەرنى يارىتىشىمىز كېرەك.

«دەرەخنى ئېگىز ئۆسسۇن دېسەك، يىلتىزىنى چوقۇم مۇستەھكەملىشىمىز كېرەك.» ھەممىدە ئالدىغا قاراپ ماڭغاندا، بېسىپ ئۆتكەن يولنى ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدۇ؛ ھەرقانچە يىراققا ماڭسىمۇ، ھەرقانچە پارلاق كەلگۈسىگە يېتىپ بارسىمۇ، بېسىپ ئۆتكەن ئۆتمۈشنى ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدۇ، نېمە ئۈچۈن يولغا چىققانلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قېلىشقا بولمايدۇ. كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلار، بولۇپمۇ ياش كادىرلار شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، پارتىيە تارىخى، يېڭى جۇڭگو تارىخى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش تارىخى، سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى ئۆگىنىش بىلەن تۇتاشتۇرۇپ، پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىش نەزەرىيەسىنىڭ ھەقىقەت كۈچى، ئەمەلىيەت كۈچى، كىشىلىك پەزىلەت كۈچىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، سىياسىي چۈشىنىش ئىقتىدارى، سىياسىي ئىجرا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، پارتىيەنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسى ۋە ئېسىل ئىستىلىنى ئۆگىنىش ۋە ئەۋج ئالدۇرۇشتىكى سىياسىي ئاڭلىقلىق، ئىدىيە ئاڭلىقلىقى، ھەرىكەت ئاڭلىقلىقىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، توختىماي ئىلگىرىلەيدىغان كۈرەش قىلىش ھالىتى ۋە مەڭگۈ بوشاڭلىق قىلمايدىغان روھىي ھالەتنى ساقلاپ، ھەققىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەپ، باش چۆكۈرۈپ جاپالىق ئىشلەپ، ئەلا نەتىجىلەر بىلەن پارتىيە قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىنى كۈتۈۋېلىشى كېرەك.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئالاھىدە يىل، ئالاھىدە مەزگىل مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەش 13 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 4 ـ يىغىنىنى مۇھىم تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە قىلدى ۋە يىغىنغا ئالاھىدە بۇرچ، ۋەزىپىنى يۈكلىدى. ئەزالارنىڭ بۇ قېتىمقى يىغىنغا قاتنىشىشقا بولغان ئىشەنچى تولۇپ تاشتى، ئۈمىدكە تولدى.

«بۇ، بىر قېتىملىق ئىنتايىن مۇھىم يىغىن.» ئەزا دىلنار ئابلانىڭ دېيىشىچە، ئۇ يىغىندا تاپشۇرۇلغان تۈرلۈك ۋەزىپىلەرگە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاتلىنىپ، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، شىنجاڭ ھېكايىسىنى ياخشى سۆزلەپ، ئاكتىپ كۈچ تارقىتىپ، كۆتۈرەڭگۈ جۇشقۇن روھنى مۇجەسسەملەپ، «14 ـ بەش يىل»نى ياخشى باشلاش، قەدەمنى ياخشى ئېلىش ئۈچۈن تىرىشىپ ئۆز تۆھپىسىنى قوشىدىكەن.

بۇ قېتىمقى يىغىننى ياخشى ئېچىش ئۈچۈن، ئىككى يىغىندىن ئىلگىرى، ئەزالار ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ، دىققەتنى يۇقۇمنىڭ دائىملىق ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى تۇتۇش، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ھەمدە مائارىپ، ياشانغانلار كۈتۈنۈش، داۋالىنىش قاتارلىق خەلق تۇرمۇشى ساھەسىدىكى قىزىق نۇقتا مەسىلىلەرنى كەڭ دائىرىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشقا مەركەزلەشتۈرۈپ، تەكلىپ ـ تەۋسىيەلەرنى كۆڭۈل قويۇپ تەييارلىدى.

«مەن بۇ يىل ئېتىزلارنىڭ قالدۇق سۇلياۋ يوپۇقتىن بۇلغىنىشىنى تۈزەش سالمىقىنى زورايتىش، ئۇرۇقچىلىق ئىسلاھاتىدا يېڭىلىق يارىتىش قەدىمىنى تېزلىتىش قاتارلىق تەكلىپلەرنى ئېلىپ كەلدىم، بۇ ئىككى كۈندە ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ تۈزىتىپ مۇكەممەللەشتۈرۈۋاتىمەن» دېدى ئەزا جياڭ پىڭئەن.

ئەزا جياڭ پىڭئەنگە ئوخشاش، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ شىنجاڭدىكى ئەزالىرى بىر يىللىق تاپشۇرۇقلارنى تولۇق «ئىشلىدى». ئەزالار مۇنداق بىلدۈردى: ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشتىكى بۇرچ تۇيغۇمىز، مەسئۇلىيەت تۇيغۇمىزنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، سىياسىي كېڭەش ئەزاسلىق ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىمىزنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، پايدىلىق چارە ـ تەدبىر كۆرسىتىمىز.

---

□پومپېئونىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار جۇڭگوغا قارشى سەپسەتىلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرىمىز

## بەختلىك تۇرمۇشىمىزغا تۆھمەت قىلىشىڭغا يول قويمايمىز

□چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىمى جۈرئەت ئەخەت

پومپېئو شىنجاڭدىكى كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا تۆھمەت قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىگە بۆلگۈنچىلىك سېلىشقا، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىغا كاشىلا قىلىش، بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا تەلۋىلەرچە ئۇرۇندى. مەن بۇنىڭدىن ئىنتايىن غەزەپلەندىم، بۇنداق نومۇسسىز قىلمىشنى قاتتىق ئەيىبلەيمەن.

مەن شىنجاڭدا تۇغۇلدۇم، شىنجاڭدا ئۆسۈپ يېتىلدىم. چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيەسىدىن ئىبارەت بۇ تۇپراقتا كۆپ مىللەت ياشايدۇ، كۆپچىلىك كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىتتىپاقلىشىپ، ئۆزئارا ياردەم بېرىدۇ. مەسىلەن، نۇرغۇن يىلنى بىر كۈندەك ئۆتكۈزۈپ، ئوخشاش بولمىغان مىللەتتىكى 20 نەچچە بالىغا ئۈن ـ تىنسىز ياردەم بېرىپ كېلىۋاتقان ۋۇ شيۇفاڭ چوڭ ئانا، قوشنىسىغا ئۇزاق مەزگىل ياردەم بەرگەن جۇماقان قۇرجانباي چوڭ ئانا قاتارلىقلار. كۆپچىلىكنىڭ ئۆزئارا ياردەم بېرىپ، ئىتتىپاق، دوستانە ئۆتۈشكە دائىر بۇنىڭغا ئوخشاش مىساللارنى چاپچالدا ساناپ تۈگەتكىلى بولمايدۇ.

كۆپ يىللاردىن بۇيان، ناھىيەمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل ـ يېزىقى، ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرىنىڭ ھەممىسى ناھايىتى ياخشى قوغدالدى ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىندى، ھەممىلا جايدا مەشرەپ، قارا جورغا، بېيلۇن ئۇسسۇلىنى كۆرگىلى بولۇپلا قالماي، يەنە دۇنيادىكى بىردىنبىر شىبە يېزىقىدىكى گېزىت «چاپچال گېزىتى»نىمۇ كۆرگىلى بولىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەت يەنە خەلققە نەپ يەتكۈزىدىغان بىر قاتار سىياسەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى، ناھىيەمىزنىڭ ئوقۇش، داۋالاش، تۇرالغۇ شارائىتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى، ھەممە كەنتلەردە يەسلى بار بولدى، ھەممە كەنتلەرگە ئاسفالت يول تۇتاشتۇرۇلدى، ھەممە كەنتلەردە مەدەنىيەت بازىسى بار بولدى. ھەر كۈنى كەچقۇرۇن، شادىيانە مۇزىكىلار ياڭراپ، ھەر مىللەت ئاكا ـ ئۇكا، ئاچا ـ سىڭىللار ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئوينايدۇ، ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدىن بەخت كۈلكىسى جىلۋىلىنىپ تۇرىدۇ.

پولاتتەك پاكىت ئالدىدا، پومپېئو، سەن يەنە ساراڭدەك ئاغزىڭغا كەلگەننى جۆيلىمە، ئارىغا بۆلگۈنچىلىك سالما، بىزنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىمىزغا تۆھمەت قىلىشىڭغا يول قويمايمىز.

## بەختلىك تۇرمۇشىمىزغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا يول قويمايمىز

□غۇلجا شەھىرى خەنبىڭ يېزىلىق ئاياللار بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى خۇرشىدە مەمەت

يېقىندا، پومپېئو پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، شىنجاڭغا ئالاقىدار بىمەنە سەپسەتىلەرنى ئېلان قىلدى. ئۇ توقۇپ چىققان ئاشۇ سۆزلەرنىڭ ھەممىسى ئاغزىغا كەلگەننى بىلجىرلىغانلىق، كەلسە ـ كەلمەس جۆيلىگەنلىك.

مەن ئاياللار خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغىلى كۆپ يىل بولدى، مېنىڭ ئەڭ چوڭقۇر ھېس قىلغىنىم شۇكى، مۇشۇ يىللاردىن بۇيان ئاياللارنىڭ ئورنى ئۈزلۈكسىز ئۆستى، ئىدىيە قارىشىدىمۇ پائال ئۆزگىرىش بولماقتا، بارغانسېرى كۆپلىگەن ئاياللار ئۆيدىن چىقىپ ئىشقا ئورۇنلىشىپ ئىگىلىك تىكلىدى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە بەزىلىرى يەنە لوبەن بولدى.

يېزىدىكى ئاياللار ھېيت ـ بايرام، دەم ئېلىش كۈنلىرى سىرتقا چىقىپ يېغىلىش قىلىدۇ، چىرايلىق ياسىنىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى كۆپچىلىكنىڭ كىرىمىنىڭ ئاشقانلىقىنى، كۈنلىرىنىڭ بارغانسېرى ياخشىلىنىۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. تەۋەلىكىمىزدىكى ئاياللارنىڭ مەن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ئىنتايىن ياخشى، ئۇلار مەسىلىگە يولۇققاندا ھەمىشە مېنى ئىزدەپ كېلىدۇ، مەيلى تۇرمۇشتىكى ياكى ئىدىيەدىكى قىيىن مەسىلىلەر بولسۇن، مەن ئۇلارنىڭ بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىغا سەۋرچانلىق بىلەن ياردەم قىلىمەن. بىز دائىم ئائىلىلەرگە كىرىپ ھامىلدارلىقتىن ئىلگىرىكى ساقلىقنى ساقلاش جەھەتتىكى بىلىملەرنى تەشۋىق قىلىمىز، ھامىلدار ئاياللارغا يېپسۇەن قاتارلىق ساغلاملىق مەھسۇلاتلىرىنى ھەقسىز تارقىتىپ بېرىمىز. يېزىدا دوختۇرخانا بار، ئۇلار ئىشىكى ئالدىدىلا ھامىلدارلىق مەزگىلىدىكى ئالاقىدار تەكشۈرۈشلەرنى تاماملىيالايدۇ.

مەن شىنجاڭدىكى ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرگە، بولۇپمۇ ئاياللار، بالىلار ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا گۇۋاھ بولدۇم. مەن تۇرمۇشىمىزنىڭ بارغانسېرى گۈزەل بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

يالغان ـ ياۋىداق سۆز ھەقىقىي ئەھۋالنى يوشۇرالمايدۇ. پومپېئو، مەن ساڭا شۇنى ئېيتىپ قويايكى، سەن بىر ـ ئىككى ئېغىز سۆزۈڭ بىلەنلا بىزنىڭ بەختلىك تۇرمۇشىمىزغا بۇزغۇنچىلىق قىلالمايسەن، غالجىرانە قىلمىشلىرىڭنى توختات!

## پومپېئو دېمەك يالغان ـ ياۋىداق سۆز دېمەكتۇر

□شىنجاڭ داشۆنىڭ ئوقۇغۇچىسى خۇرشىدە ئەركىن

پومپېئونىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار بىمەنە سەپسەتىلەرنى ئېلان قىلىشى ئۇنىڭ يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەشكە ئادەتلەنگەن ئەخلاقسىز سىياسەتۋازلىق ماھىيىتىنى ئۆز ـ ئۆزىدىن ئاشكارىلىدى، ئۇ دېمەك يالغان ـ ياۋىداق سۆز دېمەكتۇر.

ئۆزۈمنىڭ بىلىم ئېلىش يولىنى ئەسلىسەم، باشلانغۇچ مەكتەپتىن ئاسپىرانتلىققىچە، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۆيۈنۈشى ۋە تەربىيەلىشىدە، مەن ھەر مىللەت ساۋاقداشلىرىم بىلەن بىللە تۇرمۇش كەچۈرۈپ، بىللە ئۆگىنىپ، بىللە ئۆسۈپ يېتىلدىم. كۆپچىلىك ئالاقىلىشىش، ئالماشتۇرۇش، يۇغۇرۇلۇش جەريانىدا ئىتتىپاق ـ دوستانە ئۆتۈپ، ئۆزئارا ياردەم بېرىپ، ئۆزئارا ھەمدەم بولدۇق.

كونىلاردا «يىراقتىكى تۇغقاندىن يېقىندىكى قوشنا ئەلا» دېگەن گەپ بار. جوۋ تاغام بىلەن ئاتا ـ ئانام 20 نەچچە يىللىق قوشنا، بىز ئىككى ئائىلە ئادەتتە دائىم بېرىش ـ كېلىش قىلىمىز؛ ھەر قېتىم بايرام بولغاندا، ئىككى ئائىلە كىشىلىرى جەم بولۇپ بىرلىكتە تەبرىكلەيمىز.

ئىتتىپاق ـ دوستانە ئۆتۈش، ئۆزئارا ياردەم بېرىش، ئۆزئارا ھەمدەم بولۇش مەن بىرەيلەننىڭ تۇرمۇشىدىلا ئەمەس، بەلكى تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدىكى ھەر مىللەت خەلق ئارىسىدا مەۋجۇت. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى توغرىسىدىكى سانسىزلىغان كىچىك ھېكايىلەرگە چوڭ داۋلىلار مۇجەسسەملەنگەن بولۇپ، شىنجاڭ خەلقىنىڭ قانداق ئۆتۈۋاتقانلىقى ھەققىدە بۇ يەردە ياشاۋاتقان كىشىلەر ئەڭ سۆز قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە.

شىنجاڭدا ئۇدا تۆت يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلوسى يۈز بەرمىدى، جەمئىيەت ئامانلىقى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى كۈندىن ـ كۈنگە ياخشىلاندى، سىياسىي ھوقۇقى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈلدى، دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى ھوقۇق ـ مەنپەئىتىگە تولۇق ھۆرمەت قىلىندى ۋە كاپالەتلەندۈرۈلدى، ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى كۆرۈنەرلىك كۈچەيدى.

نېمىنىڭ ھەق ـ ناھەق، نېمىنىڭ يوللۇق ـ يولسىزلىق ئىكەنلىكى كىشىلەر كۆڭلىگە ئايان، ھەققانىيەت كىشىلەرنىڭ قەلبىدە. پومپېئو تارقاتقان يالغان ـ ياۋىداق سۆزلەر جەزمەن ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن بىللە تارىخنىڭ ئەخلەت دۆۋىسىگە سۈپۈرۈپ تاشلىنىدۇ.

## ياخشى كۈن كەچۈرۈشكىمۇ «مەجبۇرلاش» كېتەمدۇ؟

□خوتەن ناھىيەسى بۇزاق يېزىسى قاش كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىسى ئابدۇرازاق مەتتۇرسۇن

پومپېئو شىنجاڭدا «مەجبۇرىي ئەمگەككە سېلىش» مەۋجۇت دەپ تۆھمەت قىلدى، بۇنىڭدىن ئەقلىم ھەيران، بۇ پۈتۈنلەي تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرگەنلىك، ھەق ـ ناھەقنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلغانلىق. مەن بىر جۈپ ئىشچان قولۇمغا تايىنىپ ئىشلەپ پۇل تېپىپ ئائىلەمنى باقىمەن، ياخشى كۈن كەچۈرۈشكىمۇ مەجبۇرلاش كېتەمدۇ؟

ئائىلىمىز پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمىدە ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلەپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشنى ئىشقا ئاشۇردى. ئىلگىرى ئائىلىمىزنىڭ شارائىتى ئانچە ياخشى ئەمەس، ھېچقانداق كىرىم مەنبەسى يوق ئىدى. كەنت كادىرى دادامغا: «سىز تۆمۈرچىلىك سەنئىتى پىششىقلاش تېخنىكىسىنى بىلىدىكەنسىز، نېمىشقا ئۆزىڭىزنىڭ قول ھۈنىرىدىن پايدىلىنىپ پۇل تاپمايسىز؟ ئەگەر بۇ جەھەتتە ئويلانغان بولسىڭىز، ھۆكۈمەت زور كۈچ بىلەن قوللايدۇ» دېدى. 2016 ـ يىلى 6 ـ ئايدا، ئائىلىمىز خوتەن ناھىيەسى بۇزاق يېزىسى قاش كەنتى چېۋەر قول تۆمۈرچىلىك سەنئىتى چەكلىك شىركىتىنى رويخەتكە ئالدۇردى، شىركەتنىڭ قۇرۇلۇش كۆلىمى 200 كۋادرات مېتىر بولۇپ، 500 مىڭ يۈەن مەبلەغ سېلىندى. يېزىلىق ھۆكۈمەت ۋە كەنت ئاھالىلەر كومىتېتى مەبلەغ ئوبوروتىدىكى قىيىنچىلىقىمىزنى ھەل قىلىپ بېرىپلا قالماي، يەنە تەشەببۇسكارلىق بىلەن بىزگە سېتىش يولى تېپىپ بەردى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، پارتىيەنىڭ ياخشى سىياسىتى ۋە ھۆكۈمەتنىڭ قوللىشى، ياردىمى بولمىسا، ئائىلىمىزنىڭ شىركىتى بۇنداق ياخشى تەرەققىي قىلالمىغان بولاتتى.

بۇ يىللاردا، شەخسىي ئاپتوموبىل سېتىۋالدۇق، يېڭى ئۆيگە كۆچتۇق. شىركەت يەنە كەنت ئاھالىلىرىنى ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىش ئورنى بىلەن پائال تەمىنلەپ، ئۇلارنى ئىشىكى ئالدىدىلا ئىشقا ئورۇنلىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

بۇنىڭدىن كېيىن، مەن تىرىشىپ شىركەتنى زورايتىپ، كۈچەيتىپ، ياخشى «بېيىش باشلامچىسى» بولۇپ، تېخىمۇ كۆپ كىشىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىپ كىرىمىنى ئاشۇرۇشىغا ياردەم بېرىپ، بىرلىكتە تىرىشىپ تۇرمۇشىمىزنى بارغانسېرى ياخشىلايمەن.

پومپېئو، سەندىن سوراپ باقسام، ئامېرىكىلىقلار ئىشقا ئورۇنلاشمىسىمۇ بولامدۇ؟ ئەمگەكنىڭ ھەممىسى مەجبۇرىي بولامدۇ؟ ئەجەبا يەيدىغان، كىيىدىغان، ئىشلىتىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاسماندىن چۈشۈپ قالغانمۇ؟ مېنىڭچە چوقۇم ئۇنداق ئەمەس. ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن بىز ئەمگەك قىلساق مەجبۇرلانغان بولىمىز؟ بۇ مەسىلىلەرنى كاللىسى بار كىشىلەرنىڭ ھەممىسى چۈشىنەلەيدۇ. پومپېئو، يالغان ـ ياۋىداق سۆزلىرىڭنى يىغىشتۇرۇۋال.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى خۇڭگۈيۈەن شىمالىي يولى 500 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5593341، تارقىتىش مەركىزى: 5593062، پوچتا نومۇرى: 830028. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن